# ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى توغرىسىدا

أركان وواجبات وسنن الحج ؟

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

223333-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

هەجنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى قايسى؟، بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

هەجنىڭ پەرزى تۆت، ۋاجىپلىرى يەتتە، بۇنىڭدىن باشقا ئەمەللىرى بولسا سۈننەت بولۇپ، ئۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

ئىمام بەهۇتى رەھىمەهۇللاھ ئۆزىنىڭ "ئەررەۋزۇل مۇربىئ" ناملىق ئەسىرى 1-توم 285-بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: هەجنىڭ پەرزى تۆت: هەج پائالىيىتىگە كىرىش نىيىتى بىلەن ئېھرامغا كىرىش. بۇنىڭ دەلىلى: «شۈبھىسىزكى ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەرەپاتتا تۇرۇش. بۇنىڭ دەلىلى: «هەج ئەرەپاتتا تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

پەرز تاۋاپنى قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى: ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيقِ﴾ تەرجىمىسى: «قەدىمىي بەيت (يەنى بەيتۇللاھنى) تاۋاپ قىلسۇن.» دېگەن ئايىتىدۇر. [سۈرە هەج 29-ئايەت].

ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش. بۇنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەئيى قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرگە سەئيى قىلىشنى پەرز قىلدى» دېگەن هەدىسىدۇر. [ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى].

هەجنىڭ ۋاجىپلىرى: شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئورۇنلاردىن ئېھرامغا كىرىش. يەنى بەلگىلەنگەن مىيقاتتىن ئېھرامغا كىرىش. (هەج ئۈچۈن ئېھرام كىيىشنىڭ ئۆزى پەرز، ئەمما مىيقاتتىن ئېھرامغا كىرىش ۋاجىپ) كۈندۈزدە ئەرەپاتتا تۇرغان كىشى كۈن پاتقۇچە ئەرەپاتتا تۇرۇش. هاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغانلا ئوخشاش كىشىلەردىن باشقىلار تەشرىق كۈنلىرىدە مىنادا قونۇش، هاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغانلا ئوخشاش كىشىلەردىن باشقىلار مۇزدەلىپىگە يېرىم كېچىگىچە تۇرۇش، (بەزى ئالىملار مۇزدەلىپىدە يېتىپ كەلگەنلەر مۇزدەلىپىدە يېرىم كېچىگىچە تۇرۇش، (بەزى ئالىملار مۇزدەلىپىدە

قونۇشنى ھەجنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ مۇزتەلىپىدە قونمىسا ھەج دۇرۇس بولمايدۇ دەيدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھمۇ ئۆزىنىڭ "زادىل مىئاد" ناملىق ئەسىرىنىڭ 2-توم233-بېتىدە مۇشۇ قاراشنى تەكىتلەيدۇ) تاشنى تەرتىپلىك ئېتىش، چاچنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش، خوشلىشىش تاۋىپىنى قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەمەتتۇئ ياكى قىران ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن ھەدىيە(قۇربانلىق) مال بوغۇزلاش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿فَمَن تَمَتَّعَ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجِّ فَمَا اسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَاثَةِ أَيَّامٍ فِي الْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ذَٰلِكَ لِمَن لَّمْ يَكُنْ أَهْلُهُ حَاضِرِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ﴾ تەرجىمىسى: «ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرە قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم) مەسجىدى ھەرەم دائىرىسىدە (يەنى ھەرەمدە) ئولتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر.» [سۈرە بەقەرە 196-ئايەت].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىن باشقا سۆز-ھەرىكەتلەر ھەجنىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدۇ. يەنى ھەرەمگە تۈنجى كەلگەندە قىلىنىدىغان تاۋاپ، ئەرەپات كېچىسىدە مىنادا قونۇش، دەسلەپكى ئۈچ تاۋاپتا ئېھرامدا ئوڭ دولىسىنى ئېچىپ سوكۇلداپ مېڭىش، ھەجەرۇل ئەسۋەد تېشىنى سۆيۈش، دۇئا ۋە زىكىر بىلەن بولۇش، ساپا-مەرۋە ئۈستىگە چىقىش قاتارلىقلار ئىشلار ھەجنىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆمرىنىڭ پەرزى ئۈچتۇر: ئېھرام، تاۋاپ ۋە سەئيى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ۋاجىپلىرى: مىيقاتتىن ئېھرامغا كىرىش، چاچنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىشتىن ئىبارەتتۇر.

پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق: پەرزنى تولۇق ئادا قىلمىسا ھەج ئادا بولمايدۇ. ۋاجىپ ئەمەللەر تەرك قىلىنسا كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا جازا كىلىدۇ. يەنى بىر قوي قان قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. سۈننەت ئەمەللەر تەرك قىلىنسا بىر نەرسە بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت ئەمەللەرنىڭ ۋە باشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ دەلىلىنى بىلىش ئۈچۈن "شەرھىل مۇمتىئ"ناملىق ئەسەرنىڭ7 -تومى 380-410-بەتلىرىگە قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com